

يېڭى بىلىم كۇتۇپخانىسى
—— بالىلار بىلىم خەزىنىسى

# ھەر خىل كەسپلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى














# تەبىئەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر

يېزىلارغا بارسىڭىز، ئالدىراش يۈرگەن دېھقانلارنى كۆرىسىز؛ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېتىزدا يەر ئاغدۇرسا ①، بەزىلىرى كۆكتات تېرىيدۇ ②.






بەزىلىرى بېلىق كۆلچىكىدە بېلىق باقسا ③، بەزىلىرى مال - ۋاران باقىدۇ ④، يەنە بەزىلىرى ھەسەل ھەرىسى بېقىش بىلەن ئالدىراش يۈرىدۇ ⑤.



# ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار

ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار باغلىرىدا ھەر خىل ئۈزۈملەرنى تېرىيدۇ. ئۇلار دائىم ئۈزۈم شۇخلىرىنى پۇتاپ تۇرىدۇ، ئۈزۈم پىشقاندا، ئۈزۈملەردىن تاتلىق ئۈزۈم شەربىتى ياسايدۇ.



كۈز پەسلى ئۈزۈملەردىن ھوسۇل ئالىدىغان مەزگىل بولۇپ، باغۋەنلەر ئۈزۈم يىغىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ.



ئۈزۈمنى قول بىلەن ئۈزۈشتىن باشقا، يەنە مەخسۇس ئۈزۈم يىغىش ماشىنىلىرىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.



ئىشچىلار ئۈزۈملەرنى ماشىنىلاردا ئېزىپ پىرېسلاپ، ئاندىن ئۈزۈم شەربىتى ياسايدۇ.



ئاخىردا، ئۈزۈم شەربەتلىرىنى ئىدىش ياكى بوتۇلكىلارغا قاچىلاپ بازارغا سالىدۇ.



# ئورمانلىقتىكى كەسپلەر

ئورمانلىقتا بىر قىسىم كىشىلەر كۆچەت تىكىش، ئورمانلىقنى مۇھاپىزەت قىلىش، دەرەخ كېسىش... قاتارلىق دەل - دەرەخكە مۇناسىۋەتلىك كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ خىزمەتلەر ناھايىتى جاپالىق.



پۇتاش - چاتاش ئىشچىلىرى ئارتۇقچە ھەم خەتەرلىك شاخلارنى چاتۇۋېتىدۇ.



دەرەخ كەسكۈچى ئىشچىلار توك ھەرىسى بىلەن چوڭ - چوڭ دەرەخلەرنى كېسىدۇ.



ئىشچىلار چوڭ تىپلىق مېخانىزملاردا كېسىلگەن دەرەخلەرنى يۆتكەيدۇ.



ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى تاغلارنى چارلاپ، ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئورمانلىقتا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، شۇنداقلا پىلانلىق ھالدا كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىدۇ.

# پورت

پورتتا نۇرغۇن پاراخوتلار توختىتىپ قويىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كېچىك پاراخوتى ①، ماي پاراخوتى ②، كونتېينېر پاراخوتى ③، بېلىقچىلىق كېمىسى ④ قاتارلىقلار بار.





پاراخوتتا ئادەتتە كاپىتان، باش ياردەمچى، مېخانىك، ئاشپەز ۋە ماتروس قاتارلىق خىزمەتچى خادىملار بولىدۇ. ئالدىراشچىلىقتا تولغان پرىستاندا، مەخسۇس كېمە - پاراخوتلارنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى خادىملار، يەنە يۈك توشۇشقا مەسئۇل پرىستان ئىشچىلىرى بار.



## بېلىقچىلار

بېلىقچىلار بېلىقچىلىق كېمىسىدە خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىشى بېلىق تۇتۇش بولۇپ، ناچار ھاۋا كىلىماتىدىمۇ دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى چىقىدۇ.



ئۇلار دېڭىزنىڭ بېلىق كۆپ ئورۇنلىرىغا تور تاشلايدۇ. بۇنداق قىلغاندا، كۆپلەپ بېلىق تۇتقىلى بولىدۇ.



بېلىقچىلار تورنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، تۇتقان بېلىقلىرىنى ئايرىپ يەشىكلەرگە قاچىلايدۇ.



ئۇلار پورتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەشىكلەرنى كېمىدىن چۈشۈرۈپ، يىرتىلغان تورلىرىنى ياماپدۇ.



بىر قىسىم بېلىقچىلار تۇتقان بېلىقلىرىنى پورتتىلا سېتىۋېتىدۇ. قاراڭ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بېلىقىغا ھەدەپ خېرىدار چاقىرماقتا.



## سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى

سۇ مەھسۇلاتلىرىنى باققۇچىلار قۇلۇلە، قىسقۇچپاقا ۋە ھەر خىل بېلىقلارنى باقىدۇ، بەزىلەر يەنە دېڭىز يۇسۇنىمۇ باقىدۇ.



بېلىق باققۇچىلار تاتلىق سۇدا ترۇت بېلىقى، دېڭىز ساھىلىدا ياۋروپا چوڭ كامبالا بېلىقى ۋە كېتا بېلىقى باقىدۇ.



ئۇستېر (بىر خىل قۇلۇلە) باققۇچىلار دېڭىز ساھىلى باقمىچىلىق مەيدانىدا ئۇستېر باقىدۇ، ئۇلار ئۇستېرلارنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە مۇھىت ئاسراشقا دىققەت قىلىشى كېرەك.

# هازىرقى زامان بېلىق تۇتۇش كەسپى

بۈگۈنكى كۈندە، كىچىك تىپتىكى بېلىقچىلىق كېمىسى بارغانچە ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى چوڭ تىپتىكى پاراخوتلار ئىگىلىدى.



چوڭ تىپتىكى بېلىقچىلىق پاراخوتلىرى كەينىگە ئورنىتىلغان ناھايىتى چوڭ تورنى سۆرەپ مېڭىپ، بىر قېتىمدىلا نۇرغۇن بېلىق تۇتالايدۇ. تۇتۇلغان بېلىقلار خىزمەت سۇپىسىغا تۆكۈلگەندىن كېيىن، بېلىقچىلار ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىيدۇ ھەم يۇيۇپ تازىلايدۇ.



بېلىقچىلار بېلىقلارنى يەشىككە قاچىلاپ، ئېغىرلىقىنى ئۆلچىگەندىن كېيىن، توڭلىتىش ئىسكىلاتىدا ساقلايدۇ ياكى بېلىقلارنى قىرىپ تازىلاپ، ئاندىن ئىسكىلاتقا ئەكىرىدۇ. يەنە بەزىدە ئۇلار بېلىقلارنى شامالدا قۇرۇتۇپ ياكى تۇزلاپ قويىدۇ.



# پاراخوتتا

ماتروسلار پاراخوتتا ئىشلەيدۇ. ئۇلار دېڭىزنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزىدە ئۇلار دېڭىزغا بىر چىقىپ كەتسە، نەچچە ئايغىچە قايتىپ كەلمەيدۇ.



چوڭ تىپتىكى پاراخوت بەزىدە يول باشلىغۇچى خادىمنىڭ ياردىمىدە پورتقا كىرسە، بەزىدە سۆرىگۈچى كېمە ئۇلارنى سۆرەپ پورتقا ئېلىپ كىرىدۇ.



مېخانىك پاراخوتتىكى ھەر خىل مېخانىزملارنى ئاسراش ۋە ئۇلارنىڭ نورمال ئىشلىشىگە مەسئۇل.



كاپىتان پاراخوتنىڭ دېڭىزدا يۈرۈشىگە قوماندانلىق قىلىدۇ.

# ئات فېرمىسىدا

ئات باقار فېرمىدىكى ئاتلارغا يەم بېرىش ۋە ئۇلارغا قاراشقا مەسئۇل. ئات باقار ئاتلارنى كۆندۈرۈپ ئېگىسىگە ئىتائەت قىلىش ھەمدە ئىنسانلار بىلەن بىللە ياشاشنى ئۆگىتىدۇ. بەزى فېرمىلاردا يەنە ئات مىنىشنى ئۆگىتىدىغان چەۋەندازلىق دەرسمۇ تەسىس قىلىنغان.






ئات فېرمىسىدا ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولماقتا: ئات كۆندۈرگۈچى ئات كۆندۈرمەكتە ①، ئات باقار ئېغىلنى تازىلىماقتا ②، تاقىچى ئۇستام ئاتلارنىڭ تۇيىقىغا تاقا قاقماقتا ③، مال دوختۇرى كېسەل بولۇپ قالغان تايچاقنىڭ كېسىلىنى كۆرمەكتە ④، تېرىنېر باللارغا ئات مىنىشنى ئۆگەتمەكتە ⑤.



## مال دوختۇرى

مال دوختۇرى هايۋانلارنىڭ كېسىلىنى داۋالايدۇ ھەم ئۇلارغا ۋاكسىنا ئەملەيدۇ. يېزا - قىشلاقلاردىكى مال دوختۇرلىرى بىلەن شەھەرلەردىكى مال دوختۇرلىرىنىڭ كونكرېت خىزمىتىدە پەرق بولىدۇ.



شەھەرلەردىكى مال دوختۇرلىرى مەخسۇس دوختۇرخانا ياكى ئامبۇلاتورىيىدە ئەرمەك هايۋانلارنىڭ كېسىلىنى كۆرىدۇ.



يېزىلاردا مال دوختۇرلىرى فېرمىلارغا بېرىپ مال - ۋارانلارنى داۋالايدۇ.



تۇغۇتى تەسكە چۈشكەن هايۋانلار يەنە مال دوختۇرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ.



مال دوختۇرلىرى قۇشخانىدا گۆشلەرنىڭ سۈپىتىنى ئەستايىدىل تەكشۈرمەكتە.



## ئات كۆندۈرگۈچى

ئات كۆندۈرگۈچى بولۇش ئۈچۈن، ناھايىتى يۇقىرى ئات مىنىش ماھارىتىگە ئىگە بولۇش ھەمدە ئاتنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىش كېرەك. بەزى ماھىرلار ياش تۇرۇپلا كەسپىي ئات كۆندۈرگۈچى بولغان.



ئات كۆندۈرگۈچى بولۇشتا ئاۋۋال ئاتقا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆگىنىش لازىم.



ئاتنى دائىم يۇيۇپ، قۇيرۇقىنى تاراپ تۇرۇش، ۋاقتىدا يەم - خەشەك بېرىش، تۇيىقىنى پاكىزلاش، ئېغىلنى تازىلاپ تۇرۇش لازىم.



ئۇ يەنە ئاتقا ئېگەر توقۇشنى ئۆگىنىشى كېرەك.



ئات كۆندۈرگۈچى كۆندە دېگۈدەك ئات بەيگىسى مەشىقى قىلىشى كېرەك.

# قۇرۇلۇش مەيدانىدا

بىناكارلىق ئىشچىلىرى قۇرۇلۇش مەيدانلىرىدا ئۇل سېلىش، تام قوپۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. بىنا سېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشچىلار بىرلىكتە خىزمەت قىلىشى كېرەك.





نۇرغۇن كەسىپلەر بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. مەسىلەن، قۇرۇلۇش بېشى ①، قۇرۇلۇش مەيدانى مەسئۇلى ②، سۇۋاقچى ③، سىرچى ④، فارفور ياتقۇزغۇچى ⑤، قېزىش ماشىنىسى شوپۇرى ⑥، كران شوپۇرى ⑦ قاتارلىقلار.





ئارخىتېكتور بىنانى لايىھىلەپ، تەكشىلىك خەرىتىسىنى سىزىدۇ.



ئۆلچەپ سىزىش خادىمى قۇرۇلۇش باشلاشتىن بۇرۇن، بىنا چۈشىدىغان يەرنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەيدۇ.



مودېل ئۇستىسى خەرىتىگە ئاساسەن، بىنانىڭ مودېلىنى ياساپ چىقىدۇ.

# توكچى

توكچى ئولتۇراق بىنا ۋە ئىشخانا بىنالىرىنىڭ توك سىمىنى ئورنىتىش مۇتەخەسسىسى. ئۇ، توك سىملىرىنى تارتىش ھەمدە ئېلېكتر ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىشقا مەسئۇل.



توكچى بىنانىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ، توك سىمىنى تارتىش يولىنى لايىھىلەيدۇ.



ئاندىن، ئۇ توك سىمىنى تارتىپ، ئېلېكتر مەنبە روزېتكىسى ۋە ۋىكلىيۇچاتېللارنى ئورنىتىدۇ.



ئۇ يەنە كونترول تاختىسى ئورنىتىپ، ئۇنى ئاساسىي لىنىيە تورىغا ئۇلايدۇ.



بەزى توكچىلار يەنە يۇقىرى بېسىملىق توك تۈۋرۈكلىرىگە چىقىپ، تەكشۈرىدۇ.



# ياغاچچى

ياغاچچىلار مەخسۇس ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلىدۇ. ئۇلار زاۋۇتلاردا ياغاچتىن ياسالغان دېرىزە، پول، پەشتاق، ئاشخانا بۇيۇملىرىنى ياسايدۇ، شۇنداقلا ئۆيلەرنىڭ ياغاچ قۇرۇلمىلىرىنى لايىھىلەپ قۇراشتۇرىدۇ.



دەرەخ غوللىرى زاۋۇتتا تاختاي قىلىپ تىلىنىدۇ.



ياغاچچى بۇلاردىن ئۆزىگە كېرەكلىك تاختايلارنى تاللىۋالىدۇ.



زاۋۇتتا ياغاچچى تاختايلارنى كېسىپ شەكىلگە كىرگۈزۈپ رەندىلەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سىر بېرىدۇ.



ياغاچچى يەنە نەپىس ئۆي جاھازلىرىنى ياسىيالايدۇ ھەم رېمونت قىلالايدۇ.

# ۋوگزال ئەتراپىدىكى كەسپلەر

نۇرغۇن كىشىلەر ۋوگزالدا ھەرخىل خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار يولۇچىلارنى توشۇش، يۈك يۆتكەش، پويىز ھەيدەش، رېلىس رېمونت قىلىش قاتارلىق بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ.





تاكسى شوپۇرى ①، ۋوگزال باشلىقى ②، ئاممىۋى ئاپتوبۇس شوپۇرى ③، پويىز شوپۇرى ④، پويىز مۇلازىمەتچىسى ⑤، تۆمۈريول دىسپېتچېرى (ئورۇنلاشتۇرغۇچى) ⑥، يول ياساش ئىشچىسى ⑦، يۈك ئاپتوموبىلى شوپۇرى ⑧، پويىز رېمونتچىسى ⑨ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە تەرتىپلىك ھەم رەتلىك ھالدا ئۆز خىزمىتىنى قىلىدۇ.



## ئۇزۇن يوللۇق يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ شوپۇرى

ئۇزۇن يوللۇق يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ شوپۇرى لىق يۈك بېسىلغان ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ، ناھايىتى يىراق يەرلەرگە توشۇيدۇ.



يۈك ئاپتوموبىل شوپۇرى خېرىدارلارغا مال توشۇپ بېرىدۇ.



شوپۇر يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئاپتوموبىلغا يۈك بېسىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرەيدۇ.



ئۇزۇن يوللۇق يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ شوپۇرى تاماق يېگەندىن باشقا ۋاقىتتا، ئاپتوموبىلدىن ئايرىلمايدۇ، كېچىسىمۇ ئاپتوموبىلدا ئۇخلاپ ئارام ئالىدۇ.



مەنزىلگە بېرىپ، ئاپتوموبىلدىكى ماللار چۈشۈرۈۋېلىنغاندىن كېيىن، شوپۇرنىڭ ۋەزىپىسى تولۇق تاماملىنىدۇ.



## پويىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر

پويىز كۆن بويى رېلىس ئۈستىدە ماڭىدۇ، پويىز شوپۇرى كابىنكىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنى كونترول قىلىدۇ.



تۆمۈريول دىسپېتچېرى ھەر بىر پويىزنىڭ تەرتىپ بويىچە مېڭىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. دىسپېتچېر بولغاچقىلا، پويىزلارنىڭ ئۆزئارا سوقۇلۇپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بەرمەيدۇ.

پويىز شوپۇرى پويىزنى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا ھەيدەپ بارىدۇ. ئۇ يولۇچىلارنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل بولىدۇ. شۇڭا، تۈرلۈك يول يۈرۈش قائىدە ـ تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلىشى كېرەك. بەزى يېڭى تىپتىكى پويىزلاردا، شوپۇرنىڭ يول يۈرۈشىگە ياردەم بېرىدىغان قوشۇمچە سىستېما بولىدۇ.



# ئايرودرومدىكى كەسپلەر

ئايرودرومدا ھەر خىل خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار بار. ئۇلار ئايروپىلاننىڭ قونۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، بەلگىلىك مۇددەتتە ئايروپىلاننى يۇيىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېقىلغۇ قاچىلايدۇ.





# ئايرودرومدا

ئايرودروم بەكمۇ ئاۋات جاي. بەزىلەر يولۇچىلارنى كۈتۈۋالسا، بەزىلەر يولۇچىلارغا ئايروپىلانغا چىقىش كارتوچكىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ، يەنە بەزىلەر يولۇچىلارنىڭ گۇۋاھنامە ۋە ئايروپىلان بېلەتلىرىنى تەكشۈرىدۇ.



ئايرودروم خادىمى يولۇچىلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى تىزىمغا ئالماقتا.



ئايرودروم خادىمى يولۇچىلارغا ئايروپىلانغا چىقىش كارتوچكىسى تارقىتىپ بەرمەكتە.



تاموژنا خادىمى يولۇچىلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل.



ئايرودروم ماگىزىنىدا مال ساتقۇچى ئايروپىلان ساقلاۋاتقان يولۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلماقتا.

# ئايروپىلاندا

ئايروپىلان باشلىقى ئايروپىلاننى ھەيدەشكە مەسئۇل. ئايروپىلان مۇلازىمەتچىسى ۋە باشقا خادىملار يولۇچىلارغا قىزغىن ھەم ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىدۇ.



ئايروپىلان مۇلازىمەتچىسى يولۇچىلارنى يېمەك - ئىچمەك ۋە گېزىت - ژۇرنال بىلەن تەمىنلەيدۇ.



ئايروپىلان مۇلازىمەتچىسى يەنە يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر خىل تىلدا ئۇلارغا، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى چۈشەندۈرىدۇ.



ئايروپىلان باشلىقى ئايروپىلان ھەيدەشكە مەسئۇل بولۇپ، ئۇچۇش داۋامىدا بارلىق ئايروپىلان خادىملىرىنى باشقۇرىدۇ. ياردەمچى ئۇچقۇچى ئايروپىلان باشلىقىنىڭ ئايروپىلان ھەيدىشىگە ياردەملىشىدۇ. ئۇچۇشتىن ئاۋۋال ئۇلار ئۇچۇش مۇساپىسىنى تەپسىلي كۆرۈپ، ھاۋا كىلىماتىنى ئىگىلەيدۇ ھەمدە ئايروپىلان ئەسلىھەلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ.



# ئايروپىلانغا مۇناسىۋەتلىك باشقا كەسىپلەر

ئايروپىلان ياساشتا نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئايروپىلان ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، تېخنىك خادىملار كومپيۇتېر ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۇچۇش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ كونترول قىلىدۇ.



ئايروپىلان قۇراشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېلېكتر ئىنژېنېرى ئايروپىلاننىڭ ئىچكى قىسمىغا ئېلېكتر كابېلى ئورنىتىدۇ.



يەنە بىر قىسىم تېخنىكلار ئاخىرقى قېتىملىق قۇراشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى قىلىدۇ.



ئايرودروم دىسپېتچېرى يەر يۈزىدە ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش لىنيىسىنى نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش - قونۇشىغا بۇيرۇق بېرىدۇ. ئايرودروم دىسپېتچېرى كومپيوتېر، رادار ۋە رادىئو ئارقىلىق خىزمەت قىلىدۇ.

# ئاپتوموبىلغا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر

ئاپتوموبىلنى ياخشى كۆرىدىغان كىچىك دوستلارنىڭ ئاپتوموبىلغا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر بەك كۆپ. ئاپتوموبىل ساھەسىدە كەسىپ تاللاش دائىرىسىمۇ ناھايىتى كەڭ. مەسىلەن، ئاپتوموبىل ئىنژېنېرى، ئاپتوموبىل سودىگىرى، ئاپتوموبىل رېمونتچىسى قاتارلىقلار.



ئاپتوموبىل ئىنژېنېرى ھەر خىل تىپتىكى ئاپتوموبىللارنى لايىھىلەيدۇ.



ئاپتوموبىلنى سىناش شوپۇرى يېڭى تىپتىكى ئاپتوموبىلنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا پىكىر بېرىدۇ.



تېخنىكلار ئاپتوموبىلنىڭ ئاپتوماتىك قۇراشتۇرۇلۇش جەريانىنى نازارەت قىلماقتا. قۇراشتۇرۇش مەشغۇلاتى لىنىيىسىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتوموبىل تولۇق قۇراشتۇرۇلۇپ بولۇپ، ھەرقايسى سېتىش ئورۇنلىرىغا يۆتكەشكە تەييار قىلىنىدۇ.





ماي قاچىلاش پونكىتىدىكى خادىم ئاپتوموبىلغا ماي قاچىلىماقتا.



ئاپتوموبىل رېمونتچىسى ئاپتوموبىلنى ئاسراشقا مەسئۇل بولۇپ، ئاپتوموبىلدىكى كاشىلىلارنى رېمونت قىلىدۇ.



ئاپتوموبىل سودىگىرى ھەر خىل يېڭى ۋە ئىمكەش ئاپتوموبىللارنى ساتىدۇ.



شوپۇرلۇق مەكتىپىنىڭ ترېنېرى كۇرسانتقا ئاپتوموبىل ھەيدەشنى ئۆگەتمەكتە.

# تاللا بازىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر






ئامبارچى ئامباردا قانچىلىك مال قالغانلىقىنى
ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ.





مال تاپشۇرۇۋالغۇچى ئېلىپ كېلىنگەن ماللارنى
تاپشۇرۇۋېلىپ، ئامبارغا رەتلىك تىزىدۇ.





مال جازىسىنى باشقۇرغۇچى ماللارنى جازىغا تىزىدۇ. ئۇ ھەممە مالغا باھا كارتىسى چاپلانغان بولۇشىغا
كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.



تاللا بازار باشقۇرغۇچىسى باھا كارتىسىدىكى باھانىڭ
توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.





تاللا بازىرىنىڭ مال سېتىۋالغۇچىسى سۇ-
پەتلىك ھەم ئەرزان ماللارنى كىرگۈزىدۇ.





پۇل ئالغۇچى خېرىدارنىڭ ھېساباتىنى
بوغۇپ بېرىشكە مەسئۇل.






تاللا بازار خىزمەتچىسى ماللارنىڭ باھاسى
چۈشكەنلىكى توغرىسىدا ئېلان چاپلىماقتا.

بەزى تاللا بازارلىرىدا خىزمەتچىلەر چاقلىق
كانكى ئايىغى كىيىپ ماللارنى رەتلەيدۇ.

# شىركەتتە

ھەرقانداق بىر شىركەتتە ئوخشاشمىغان نۇرغۇن بۆلۈملەر بولىدۇ. بۇلار شىركەتنىڭ نورمال تىجارەت قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان قىسىملاردۇر.



كاتىپ مۇھىم ئىشلارنى خاتىرىلەشكە، خەت - چەكلەرنى رەتلەشكە، فاكىس يوللاشقا مەسئۇل.



لايىھىلىگۈچى تېخنىكلارنىڭ ياردىمىدە ھەر خىل يېڭى مەھسۇلاتلارنى لايىھىلەيدۇ.



شىركەت خوجايىنى پۈتكۈل شىركەتنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، بارلىق كەسپىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ.



كەسپىي ئىشلار خادىمى خېرىدارلارغا شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ساتىدۇ.



بوغالتىر شىركەتنىڭ مالىيىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلايدۇ.





شىركەت كۈتۈۋېلىش ئورنى تېلېفون ئېلىش ۋە خەت - چەكلەرنى تاپشۇرۇۋېلىش ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ.



بازار كېڭەيتكۈچى خادىملار ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، شىركەتنىڭ مەھسۇلاتىنى تەشۋىق قىلىدۇ.



ئادەم كۈچى بايلىقى بۆلۈمى شىركەتكە يېڭى خىزمەتچى قوبۇل قىلىشقا مەسئۇل.



ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا ئىشچىلار مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ.



مال تارقاتقۇچى خېرىدارلارغا مال يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.



ئامبارچى ماللارنى تەييارلاپ بېرىدۇ.

## شىركەت خوجايىنى

مەيلى چوڭ ياكى كىچىك شىركەت بولسۇن، شىركەت خوجايىنى شىركەتنىڭ ھەممە ئىشىغا مەسئۇل.



شىركەت خوجايىنى دائىم كاماندىروپكىغا چىقىپ، دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىغا بارىدۇ.



ئۇ ھەرقايسى دۆلەتلەردىن يېڭى مەھسۇلات ئىزدىشى كېرەك.



شىركەت خوجايىنى شىركەتتە دائىم يېڭى ئىچچى ياكى خىزمەتچىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ.



شىركەت خوجايىنى شىركەتنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بانكىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ.



## كەسپىي ئىشلار خادىمى

كەسپىي ئىشلار خادىمى شىركەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ئۇلار چوقۇم ئالاقە باغلاشقا ماھىر بولۇشى كېرەك.



ئۇلار شىركەتنىڭ تۈرلۈك مەھسۇلاتلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىشى زۆرۈر.



ئۇلار ھەر تەرەپكە چېپىپ خېرىدار ئىزدەيدۇ، يولغىمۇ بىرمۇنچە ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ.



ئۇلار پارچە سېتىش سودىگەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئېلىشقا قايىل قىلىدۇ. بۇ تولىمۇ مۇشكۈل خىزمەت.



ئەگەر، پارچە سېتىش سودىگەرلىرى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتىنى سېتىۋالسا، بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ مال جازىسىغا قويۇلۇشىغىمۇ كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## سۇغۇرتا بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر

مۇناسىۋەتلىك تۈر بويىچە سۇغۇرتىلانغان كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرسە، ئۆيىدە ئوت ئاپىتى يۈز بەرسە ياكى باشقا تالاپەتلەر بولسا، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ.


سۇغۇرتىلانغاندا سۇغۇرتا شىركىتى مۇئامىلىدار بىلەن سۇغۇرتا توختامى تۈزىدۇ.


قاتناش ھادىسىسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، سۇغۇرتا شىركىتى ئادەم ئەۋەتىپ ئاپتوموبىلنىڭ زىيانغا ئۇچراش ئەھۋالىنى باھالاپ بېكىتىدۇ.

ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىن، سۇغۇرتا شىركىتى خادىمى سۇغۇرتىلانغان ئۆي، ئاپتوموبىل ياكى ئادەمنىڭ زىيانغا ئۇچراش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەيدۇ. سۇغۇرتا شىركىتى ئىلگىرىكى توختام بويىچە مۇئامىلىدارنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدۇ.





## پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدىكى كەسىپلەر

پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدىكى خادىملار مۇئامىلىدارنىڭ پۇل ئامانەت قويۇش، پۇل ئېلىش، پۇل قەرز ئېلىش، مەبلەغ سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرىپ بېرىشتەك پۇلغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.


بانكىنىڭ پوكەي خادىمى مۇئامىلىدارنىڭ پۇلىنى مەخسۇس ھېساباتىغا كىرگۈزۈپ بېرىدۇ.


بانكىنىڭ مۇئامىلىدار دىرېكتورى قەرز ئالغۇچى مۇئامىلىدار بىلەن يۈزتۈرا سۆزلىشىدۇ.


پۇل يۆتكەش خادىمى قەغەز ۋە تەڭگە پۇللارنى بىخەتەر يۆتكەشكە مەسئۇل.


ئاكسىيە بىرژىسىدا ۋاستىچى مۇئامىلىدارغا ۋاكالىتەن پاي چېكىنى ئېلىپ - سېتىش ئىشىنى بېجىرىپ بېرىدۇ.

# ئارمىيىدىكى كەسپلەر

دۆلەت زېمىننى قوغداش ۋە تىنچلىقنى ساقلاش ھەربىيلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. ھەربىيلەر بۇيرۇققا قاتتىق رىئايە قىلىدۇ. ئۇلار دائىم ھەر خىل ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ، بەزىدە دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىسى قىسىملىرى بىرلىكتە مانېۋىر ئۆتكۈزىدۇ.






بىر مەيدان ھەربىي مانېۋىرغا ئاۋىئاماتكا ①، قاتناش ۋاستىلىرىنى قۇرۇقلۇققا چىقارغۇچى كېمە ②، ئەسكەرلەرنى قۇرۇقلۇققا چىقارغۇچى كېمە ③، تىك ئۇچار ئايروپىلان ④، ترانسپورت ئايروپىلانى ⑤، ئۇرۇش ئايروپىلانى ⑥، رازۋېدكا ئايروپىلانى ⑦، باشقۇرۇلىدىغان سنارەد قويۇپ بېرىش قۇرۇلمىسى ⑧، تانكا ⑨، يۈك ئاپتوموبىلى ⑩ قاتارلىقلار قاتناشتۇرۇلدى.



## قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى

قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېرالى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى شتاب ئوفىتسېرلىرى — پولكوۋنىك، پودپولكوۋنىك، مايور قاتارلىقلارنى باشقۇرىدۇ؛ شتاب ئوفىتسېرلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار — ستارشىي لېيتېنانت، لېيتېنانت، كەنجى لېيتېنانت قاتارلىقلارنى باشقۇرىدۇ. ئەسكەرلەر — ئوفىتسېرلارنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدۇ.



كېچىسى ھەربىيلەر ئەتراپنى ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن، سنوئوپېرسكوپ (كېچىدە كۆرۈش ئەسۋابى) تاقىۋالىدۇ.



تانكا يەر يۈزىدە ئۇرۇش قىلىشتىكى ئاساسلىق قوراللارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئىچىدە شوپۇر ۋە مەرگەن بولىدۇ.



ئارمىيىدە يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ياسالغان قوراللار بار. بۇ رەسىمدىكىسى زامانىۋى باشقۇرۇلىدىغان سنارەد قويۇپ بېرىش قۇرۇلمىسىدۇر.



كىشلەر ئايەتكە ئۇچرىغاندا ئارمىيە دەرھال قۇتقۇزۇش ئېلىپ بارىدۇ.



## ھاۋا ئارمىيىسى

سىز ئايروپىلانغا ئامراق بولسىڭىز، كەلگۈسىدە ھاۋا ئارمىيىسىگە قاتناشسىڭىز بولىدۇ. ھاۋا ئارمىيىسىدە ھەربىي ئۇنۋان قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.



قىرغۇچى ئايروپىلاننىڭ ئۇچقۇچىسى كەسپىي مەكتەپتە مەخسۇس تەربىيىلىنىدۇ.



مېخانىك بىلەن ئېلېكتر ئىنژېنېرى ئايروپىلاننى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ رېمونت قىلماقتا.



ھەربىي ئايروپىلان ياردەمگە موھتاج كىشلەرگە يېمەكلىك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئاپىرىپ بېرىدۇ.



بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھاۋا ئارمىيىسى يەنە ئايرودرومدا تەرتىپ ساقلايدۇ.

# دېڭىز ئارمىيىسى

دېڭىز ئارمىيىسىدە ھەربىي ئۇنىۋان قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭكىگە ئوخشاش. دېڭىز ئارمىيىسىدە ھەربىي پاراخوت قىسىملىرى ئاساسلىق بولۇپ، ئۇلار دېڭىزدا ئۇرۇش قىلىدىغان ئارمىيە تۈردۇر.



ئىنتايىن يوغان ئاۋىئاماتكىدا ئايروپىلانلار ئۇچۇپ - قونالايدىغان پالۋبا بار.



سۇ ئاستى كېمىسى سۇ ئاستىدا يۇرۇش قىلىدۇ، پورتقا بارغاندا سۇ يۈزىگە چىقىدۇ.



غەۋۋاس دېڭىز ئاستىغا مىنا قويماقتا.



دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى ئەترىتى قۇرۇقلۇققا چىقىپ جەڭگە تەييارلانماقتا.



# ئارمىيىدىكى باشقا كەسىپلەر

ئارمىيىدە يەنە مەخسۇس تاماق ئېتىشكە مەسئۇل ئاشپەز ئەسكەر ھەم ھەربىي دوختۇر، فوتوگراف بولىدۇ.



ھەربىي قىسىم سىرتقا چىقىپ ۋەزىپە ئۆتىگەندە ئاشپەز ئاپتوموبىلدا قېلىپ تاماق ئېتىدۇ.



ھەربىي دوختۇر نەق مەيدانغا بېرىپ يارىلانغانلارنى داۋالايدۇ ھەم ئۇلارنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ.



ئارمىيىدىكى فوتوگرافلار ھەربىي قىسىمغا ئەگىشىپ رەسىم تارتىدۇ ھەم خەۋەر بېرىدۇ.



ئارمىيىدىكى كومپيۇتېردا پروگرامما تۈزۈش خادىمى پۈتۈن زېھنى بىلەن خىزمەت قىلماقتا.

## ئاممۋى ساھەدىكى كەسپلەر

تۇرمۇشمىزدا يەنە نۇرغۇن تۇرلۇك كەسپلەر بار، بۇ كەسپلەر بىزگە بەكمۇ تونۇش.






بۇ كەسپتىكىلەردىن باغۋەن ①، پوچتىكەش ②، ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى ③، ئاممۋى ئاپتوبۇس شوپۇرى ④، مۇزېي چۈشەندۈرگۈچىسى ⑤، ئوقۇتقۇچى ⑥، ساقچى ⑦، تازىلىق ئىشچىسى ⑧، ماشىنا توختىتىش مەيدانى باشقۇرغۇچىسى ⑨ قاتارلىقلار بار.



## ئوقۇتقۇچى

ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپتە خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ساۋادىمىزنى چىقىرىدۇ، كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىتىدۇ، شۇنداقلا بىزنى نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە قىلىدۇ.




ئوقۇتقۇچى دوسكىغا ھەر خىل ھېسابلاش قائىدىلىرى.
نى يېزىپ، باللارغا ھېساب ئۆگىتىمەكتە.



ئوقۇتقۇچى كەچلىكى دەرس تەييارلايدۇ، ھەمدە ئو.
قۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستايىدىل تەكشۈرىدۇ.



باللار باغچىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار كىچىك دوستلار
بىلەن بىللە ئويۇن ئوينايدۇ.



ئوقۇتقۇچى باللارنى باشلاپ سىرتلارغا چىقىپ،
ئۇلارغا تەبىئەت دۇنياسىنى تونۇشتۇرىدۇ.



## باشقا تەلىم ـ تەربىيە خىزمەتچىلىرى

مەكتەپتىن باشقا جايلاردىمۇ نۇرغۇن تەلىم ـ تەربىيە خىزمەتچىلىرى بولىدۇ. ئۇلار ئوخشاشمىغان ساھەدە باللارنى تەربىيلەش مەسئۇلىيتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، باللارنىڭ ساغلاپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۆھپە قوشماقتا.



گىمناستىكا ترېنېرى باللارغا سەۋرچانلىق بىلەن
گىمناستىكا مەشقى قىلدۇرماقتا.



بۇ ئالاھىدە تەلىم ـ تەربىيە خىزمەتچىلىرى مېيىپ
باللارنى تەربىيلەپ، ئۇلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.



ئۆسمۈرلەر سارىيىدىكى خادىملار ھەر ھەپتىدە
باللارنى دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرىدۇ.



كۇتۇپخانا باشقۇرغۇچىسى باللارغا ئېھتىياجلىق
كىتابلارنى قانداق ئىزدەشنى ئۆگىتىپ قويىدۇ.

## مېھمانخانىدىكى كەسپلەر

مېھمانخانا دىرېكتورى مېھمانخانىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل. ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بەزى خادىملار مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ، بەزى خادىملار ياتاقلارنى رەتلەيدۇ.



مېھمانخانىدا مېھمانلارنىڭ ئاپتوموبىلىنى توختىتىپ قويۇشقا ياردەملىشىدىغان مەخسۇس خادىملار بولىدۇ.



مېھمانخانا كۈتكۈچىسى مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ ھەم ئۇلارغا زۆرۈر مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ.



مۇلازىم مېھمانلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى ياتاققا ئەكىرىپ بېرىدۇ.



ياتاق مۇلازىمەتچىسى كىرلىكلەرنى يۇيۇش، ياتاقنى تازىلاپ، رەتلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل.



## ساياھەتكە مۇناسىۋەتلىك كەسپلەر

ساياھەت ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى ساياھەتچىلەرگە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆڭۈللۈك دەم ئېلىش شارائىتى يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ساياھەتچىلەرنىڭ سەپىرى ئازادىلىك ھەم خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.



بېلەتچى خېرىدارلارغا توردىن بېلەت زاكاز قىلىپ بېرىدۇ.



ساياھەت يېتەكچىسى ساياھەتچىلەرنى كوللېكتىپ پائالىيەتكە ئۇيۇشتۇرماقتا.



ساياھەت يېتەكچىسى ساياھەتچىلەرگە مەشھۇر ئاسارىئەتىقىلەرنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرماقتا ھەم ئۇلارغا تەرجىمان بولماقتا.

# مودا ساھەسىدىكى كەسپلەر

مودېل بولۇش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى. لېكىن، بۇ كەسپكە قويۇلىدىغان تەلەپ بەكمۇ يۇقىرى. مودېل بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى چوقۇم يۇقىرى بولۇشى كېرەك. ئۇلار يەنە قاتتىق تەربىيىلىنىدۇ ۋە سىنىلىدۇ.



ئادەتتە، مودېللار بىر ۋاستىچى شىركەتكە كىرىدۇ، ۋاستىچى ئۇلارغا خىزمەت ئورۇنلاشتۇرىدۇ.



مودېللار يەنە مودا كىيىم ـ كېچەك ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسى ئۈچۈن رەسىمگە چۈشۈپ بېرىدۇ.



مودا كىيىم كۆرگەزمىلىرىدە، مودېللار يېڭى پاسوندىكى كىيىملەرنى كۆپچىلىككە نامايان قىلىدۇ.



خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئۇلار دائىم ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ تۇرىدۇ. سەپەر ئۈستىدە ئارام ئېلىشقا دىققەت قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، گۈزەللىكنى ساقلاپ قالىدۇ.



مودا ساھەسىدە مودېللىقتىن باشقا، يەنە نۇرغۇن كەسپ بار. مەسىلەن، كىيىم لايىھىلىگۈچىلەر پەسىلگە قاراپ مودا كىيىملەرنى لايىھىلەيدۇ.



كىيىم لايىھىلىگۈچى پەسىللىك يېڭى پاسوندىكى كىيىملەرنى لايىھىلەيدۇ.



كىيىم سىنىكلاش ئۈستىسى لايىھىگە ئاساسەن، كىيىم نۇسخىسىنى ئىشلەيدۇ.



تىككۈچىلەر ئىشلەنگەن كىيىم نۇسخىسىنى كۆڭۈل قويۇپ تىكىپ چىقىدۇ.



باش كىيىم لايىھىلىگۈچى مەخسۇس چىرايلىق باش كىيىملەرنى لايىھىلەيدۇ.

# كىتابقا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر

بالىلار چۆچەكلىرى، رەسىملىك كىتابلار ۋە قامۇسلاردا يېزىق ھەم رەسىم بولىدۇ. ھەرقانداق بىر كىتاب نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ.







بىر پارچە قىستۇرما رەسىملىك كىتاب ئىشلەشتە، بىرىنچىدىن، يازغۇچى① بولۇش كېرەك، ئۇ پۈتۈن كىتاب ئۈستىدە تولۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، رەسسام② ياكى فوتوگراف③ ماسلىشىشى كېرەك.



كوررېكتور كىتابتىكى ئىملا خاتالىقلىرىنى تۈزىتىدۇ.



مۇھەررىر كىتاب ئورگىنالىنى تەھرىرلەيدۇ.



نابورچىك قىستۇرما رەسىم ۋە يېزىقنى كىرگۈزۈپ بەت ياسايدۇ.







باسما زاۋۇتتىكى باسما بېتىنى ياساش ئىشچىسى④، بېسىش ئىشچىسى⑤، تۈپلەش ئىشچىسى⑥ قاتارلىقلار كىتابنىڭ بېسىلىشىدىكى ھەر بىر ھالقىغا مەسئۇل بولىدۇ.



كىتاب بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، كىتابخانىلارغا تىزىپ قويۇپ سېتىلىدۇ. بۇ چاغدا كىتاب ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشەلەيدۇ.



مۇھەررىر ئاپتورغا ئەسەر ھاۋالە قىلسا، ئۇھالدا ئاپتور ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ئەسەر يازىدۇ.



رەسسام ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن قىستۇرما رەسىملەرنى سىزىپ چىقىدۇ.



رەسىملىك كىتاپقا سىزىلغان رەسىملەردىن باشقا، يەنە فوتوگراف تارتقان مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەر بېرىلىدۇ.



نابورچىك كومپيۇتېردا يېزىق، قىستۇرما رەسىم ۋە سۈرەتلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ بەت ياسايدۇ.

# باسما بېتنى ياساش ئىشچىسى

نابورچىك بەت ياساپ بولغاندىن كېيىن، كىتابنىڭ باسما بېتى تەييارلىنىدۇ. بۇ خىزمەت باسما بېتنى ياساش ئىشچىسىنىڭ ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلىشى نەتىجىسىدە تاماملىنىدۇ.



باسما بېتنى ياساش ئىشچىسى كومپيۇتېردا نابورچىك ياسىغان بەتنىڭ لاياقەتلىك بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ. ئاندىن ئورىگىنالنىڭ ھەر بىر بېتنى بىرىكتۈرۈپ، چوڭ بىر پارچە بەت ياسايدۇ. بۇ كومپيۇتېردا بەت بىرىكتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىكتۈرۈلگەن بەت كومپيۇتېر بىلەن ئۆزئارا ئۇلانغان ماشىنىغا يەتكۈزۈلۈپ، لېنتىغا ئېلىنىدۇ. مانا بۇ باسما بېتنى ياساشتۇر.



لېنتىغا ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، باسما بېتنى ياساش ئىشچىسى لېنتىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرىدۇ. ئەگەر مەسىلە كۆرۈلسە، تۈزىتىدۇ ياكى قايتىدىن لېنتىغا ئالىدۇ.



# مەتبۇئاتقا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر



كىتاب بېتى لېنتىغا ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، «بەتكە ئېلىش» ئارقىلىق، باسما ماشىنىسىدا ئىشلىتىلىدىغان مېتال بەت ياسىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، بېسىش ئىشچىسى كىتابنى بىر بەت، بىر بەتتىن بېسىپ چىقىدۇ، ئاندىن تۈپلەش ئىشچىسى كىتابنى تۈپلەيدۇ.



تۈپلەش ئىشچىسى بەت تەرتىپى بويىچە كىتابنى تۈپلەپ، مۇقاۋىسىنى قاپلايدۇ. ئاخىردا كىتاب ئامبارغا يۆتكىلىدۇ.

# كىتاب سودىگەرى

كىتاب سودىگەرى كىتابنى جاي - جايلاردىكى كىتابخانا، گېزىت - ژۇرنال بوتكىسى ۋە تالالا بازارلىرىنىڭ سېتىشىغا بېرىدۇ.



كىتاب سودىگەرى نەشرىياتلارنىڭ يېڭى كىتابلىرىنى كىتابخانىلارغا ئاپىرىپ تونۇشتۇرىدۇ ھەم ئۇلارنى قايىل قىلىپ، زاكاز ئالىدۇ.



كىتاب سودىگەرى زاكاز كىتابنى سان بويىچە تەييارلايدۇ، مال يەتكۈزگۈچى كىتابنى ھەرقايسى سېتىش ئورۇنلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.



# قەدىمكى كىتابلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇستىسى

ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قەدىمكى كىتابلار كونىراشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن، بىز قەدىمكى كىتابلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇستىلىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىمىز. بۇ خىزمەتكە قويۇلىدىغان تەلەپ ناھايىتى يۇقىرى. شۇڭا، بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر كۆپ ئەمەس. ئۇلار ئادەتتە كۇتۇپخانا ۋە ماتېرىيال بۆلۈملىرىدە ئىشلەيدۇ.



قەدىمكى كىتابلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇستىسى خىزمەتتە ئىنتايىن ئەستايىدىل ھەم سەۋرچان كېلىدۇ. ئۇ كىتابنىڭ يىرتىلغان جايلىرىنى ئوخشاش رەڭلىك قەغەز بىلەن يەملەپ، ئاخىردا كىتابنى بىر بەت، بىر بەتتىن تۈپلەپ چىقىدۇ. ئۇ ئالاھىدە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىگەچكە، بەزىدە بىر قەدىمكى كىتابنى نەچچە ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ.



قەدىمكى كىتابلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئالاھىدە تېخنىكا. ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانى ئىنتايىن يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئاسراش بىلىمى، تارىخ بىلىمى ۋە مەلۇم بەدىئىي گۈزەللىك ئىقتىدارى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

# كنو ئىشلەش

كنو ئىشلەش بىر تۈرلۈك كوللېكتىپ خىزمەت بولۇپ، ئارتىس، رېژىسسور ۋە باشقا خادىملار بىرلىكتە ئىشلەيدۇ. ئۇلار بىرلىكتە ھەمكارلاشقاندىلا، ئاندىن ياخشى كىنولارنى تەقدىم قىلالايدۇ.






نۇرغۇن كىشىلەر فىلىمگە ئېلىش مەيدانىدا ئالدىراش يۈرمەكتە، بۇ يەردە ياغاچچى①، سەھنە لايىھىلىگۈچى②، سەھنە جابدۇقلىرىنى باشقۇرغۇچى③، گىرىمچى④، توكچى⑤، باش ئارتىس⑥، ئاممىۋى ئارتىس⑦، ئاۋاز رېژىسسورى⑧، ئوپېراتور⑨، رېژىسسور⑩، فىلىم خاتىرىلىگۈچى⑪، چىراغچى⑫ قاتارلىقلار بار.



# كىنوغا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر

كىنو ئىشلەش پەقەت سۈرەتكە ئېلىشلا ئەمەس. بۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يەنە نۇرغۇن خىزمەت ھالقىلىرى بار، بۇ خىزمەتكە نۇرغۇن ئادەم قاتنىشىدۇ.



ئاۋۋال سېنارىست ياخشى سېنارىيە يېزىپ چىقىش كېرەك.



كىنو ئىشلىگۈچى كىنو ئىشلەشكە كېتىدىغان مەبلەغنى تەييارلايدۇ.



كىنو رېژىسسورى سېنارىيىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىدۇ ھەم مۇۋاپىق ئارتىس تاللايدۇ.



رېژىسسور كىنونى سۈرەتكە ئالغاندا، ئارتىس ۋە تېخنىكلارغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.





ئاۋاز رېژىسسورى ھەر خىل جابدۇقلاردىن پايدىلىنىپ، كىنودىكى بارلىق ئاۋازلارنىڭ تەقلىدىي ئاۋازىنى ئىشلەيدۇ. مەسىلەن، ئاتنىڭ يۈگۈرگەن ئاۋازى، گۈلدۈرماما ۋە چاقماق ئاۋازى، شارقىراپ ياغقان يامغۇرنىڭ ئاۋازى ... قاتارلىقلار.



ئالاھىدە ئۈنۈم يارىتقۇچى يامغۇر، قار ياغدۇرۇشتەك ئالاھىدە ئۈنۈم يارىتىپ بېرىدۇ.



كىنو سۈرەتكە ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، مونتاژ ئاۋاز بىلەن سۈرەتنى بىرلەشتۈرىدۇ.

## تېلېۋىزىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر

مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە پروگراممىسى رىياسەتچىسى بولماقچى بولسىڭىز، دېكلاماتسىيە قابىلىيىتىڭىز ياخشى، سۆزلىگەندە تىلىڭىز راۋان، سەھنىدە تەمكىن، ئىقتىدارىڭىز يۇقىرى بولۇشى كېرەك.



تېلېۋىزىيە ساھەسىدە رىياسەتچىدىن باشقا، يەنە سەھنە كەينىدە نۇرغۇن خىزمەتچىلەر بار. مەسىلەن، ئوپېراتور①، ئاۋاز رېژىسسورى② ۋە باشقا خىزمەتچىلەر.



باش نازارەت قىلىش بۆلۈمىدىكى تېخنىكلار تېلېۋىزىيە پروگراممىسى قويۇشقا تەييارلىق كۆرمەكتە.



تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى بىلەن ئوپېراتور ئاتاغلىق كىشىلەرنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ.



## خەۋەر ئاڭلىتىدىغان دىكتور

خەۋەر ئاڭلىتىدىغان دىكتور خەۋەر پروگراممىسىغا مەسئۇل بولۇپ، تېلېۋىزىيە كۆرۈرمەنلىرىگە ھەر كۈنى خەۋەر ئاڭلىتىپ، ئۇلارنى يېڭى ئۇچۇرلاردىن بەھرىمەن قىلىدۇ.



بۇ ئايال دىكتور ئەتىگەنلىك خەۋەر ئاڭلىتىشقا مەسئۇل.



ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە بېرىلىدىغان خەۋەرگە ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرىدۇ.



ئاندىن، ئۇ بېرىلىدىغان خەۋەرنى قايتا رەتلەپ چىقىدۇ.



پروگramma باشلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇ گىرىم قىلىپ، چىرايلىق بولۇپ، تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

# تەنھەرىكەتچىلەر

مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچى ئۇچۇن ياخشى تەن ساپا، ئاكتىپ ھۇجۇم قىلىش پىسخىكىسى ۋە جان تىكىپ ئېلىشىش روھى بولۇش تولىمۇ زۆرۈر.



مۇسابىقە ئاپتوموبىلى ماھىرى مەيداندا ئاپتوموبىلنى ئۇچقاندەك ھەيدىمەكتە.



تېننىس توپ تەنھەرىكەتچىسى مەيداندا توپ ئوينىماقتا.



پۇتبول تەنھەرىكەتچىلىرى توپ تەپمەكتە.



چاڭغا تېيىلىش تەنھەرىكەتچىسى چاڭغا تېيىلماقتا.



گولف توپ ماھىرى توپ ئۇرماقتا.



ۋاسكېتبول تەنھەرىكەتچىسى گارغا توپ ئېتىپ مەشىق قىلماقتا.



تەنھەرىكەتچىنىڭ كەسپىي ھاياتى چەكلىك بولىدۇ. شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشىدىغانلار ئانچە كۆپ بولمايدۇ. كۆپىنچە تەنھەرىكەتچىلەر كىچىك چېغىدىلا تەنتەربىيە مەكتەپلىرىگە بېرىپ ئوقۇپ، تىرېنېرنىڭ يېتەكلىشىدە قاتتىق مەشىق قىلىدۇ.



چەۋەنداز بەيگە ئېتىنى مىنىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.



فىگۇرا چىقىرىپ مۇز تېيىلىش تەنھەرىكەتچىسى مۇز ئۈستىدە نەپىس ھەرىكەت ئىشلىمەكتە.



كاتېر تەنھەرىكەتچىسى دېڭىزدا كاتېر مۇسابىقىسىگە قاتناشماقتا.



بوكسچى مەيداندا جىددىي ئېلىشماقتا.



رۇدو تەنھەرىكەتچىلىرى چېلىشىپ مۇسابىقىلەشمەكتە.



ۋېلسىپىت تەنھەرىكەتچىسى مۇسابىقىگە قاتناشماقتا.

## ئامانلىققا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر

ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى، ساقچىلار، جىددىي قۇتقۇزۇش دوختۇرلىرى كىشىلەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلايدۇ. كىشىلەر خەتەرگە يولۇققاندا، ئۇلار دەرھال كېلىپ كىشىلەرگە ياردەم قىلىدۇ ھەم قوغدايدۇ.





بۇ كەسىپلەردە ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى①، ساقچىلار②، دوختۇرلار③، چاڭغا تېيىلىش يولىنى ئاسرىغۇچىلار④، قۇتقۇزۇش خادىملىرى⑤، تىك ئۇچار ئايروپىلان ئۇچقۇچىلىرى⑥ قاتارلىقلار بار.



# ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى

ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى بەك باتۇر، ئۇلار ھادىسە يۈز بەرگەن جايغا تۇنجى بولۇپ يېتىپ بېرىپ، ئوت ئۆچۈرىدۇ، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىدۇ.



قاتناش ھادىسىسى يۈز بەرسە، ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى دەرھال يېتىپ كېلىپ، نەق مەيداندىكى يارىدارلارنى قۇتقۇزىدۇ.



ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى يەنە كەلكۈندە قاپسىلىپ قالغانلارنى قۇتقۇزىدۇ.



ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر ھەتتا ئائىلىلەرنىڭ تۇرالغۇسى ئەتراپىدىكى ھەرە ئۇۋىلىرىنىمۇ يوقىتىدۇ.



قارا يامغۇر ۋە يەر تەۋرەش ئاپىتى بولغاندا ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى ۋاقتىدا كېلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىدۇ.



# ساقچىلار

ساقچىلار جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە قاتناش تەرتىپىنى ساقلاشقا مەسئۇل. ئۇلار مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ.



ساقچىلار كىشىلەرنىڭ ئاممىۋى سورۇندىكى بىخەتەرلىكىنى تىرىشىپ قوغدايدۇ.



ساقچىلار يەنە پورتقا كىرىپ - چىققان كېمە - پاراخوتلارنى تەكشۈرۈپ، پورتنىڭ تەرتىپىنى ساقلايدۇ.



ساقچىلار قاتناش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ، شوپۇر ۋە ئاپتوموبىللارنى تەكشۈرىدۇ.



قاتناش ھادىسىسى يۈز بەرگەندە، ساقچىلار دەرھال قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىدۇ.

# دوختۇرخانىدىكى كەسپلەر

دوختۇرخانىنىڭ خىزمىتى بەكمۇ جىددىي. دوختۇر ۋە سېستىرالار بىمارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن ئالدىراش يۈرىدۇ. ئاكۇشېر ۋە تۇغۇت دوختۇرى ھامىلدار ئاياللارنىڭ ساق - سالامەت يەڭگىشىگە ياردەم بېرىدۇ.



داۋالاش ۋە پەرۋىش قىلىش خادىملىرىنىڭ ئورتاق نىشانى بىمارلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى بالدۇر ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇزاق مۇددەت تەربىيىلەنگەندىن كېيىنلا، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.



دوختۇرخانىدا ئاكۇشېر①، تۇغۇت دوختۇرى②، سېستىرا③، بوۋاق باققۇچى④، تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى⑤، ناركوز دوختۇرى⑥، يۈرەك قان تومۇر دوختۇرى⑦، سۆڭەك دوختۇرى⑧، رېنتگېن بۆلۈم دوختۇرى⑨، مەسلىھەت سوراش ئورنى⑩، قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى بىلەن بىللە بارىدىغان دوختۇر⑪، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرى⑫ قاتارلىقلار بار.



دوختۇرلار دائىم ھەر خىل جىددىي ۋە تاسادىپىي ئەھۋاللارغا ئۇچراپ تۇرىسىمۇ، يەنىلا سالماقلىق بىلەن داۋالاشقا كىرىشىدۇ.

# سېستىرا

سېستىرا دوختۇرنىڭ ياردەمچىسىدۇر. ئۇلار پەرۋىش قىلىش جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولۇپ، بىمارلار- نىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىدۇ. سېستىرا بىلەن بىمارنىڭ مۇناسىۋىتى ئادەتتە ئىنتايىن يېقىن بولىدۇ.



ئوپېراتسىيىخانىدا، سېستىرالار تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىشىغا ياردەملىشىدۇ.



سېستىرا يەنە بىمارنىڭ يارىسىغا دورا ئالماشتۇرۇش، يارىسىنى تېڭىش ۋە ئۇلارغا دورا تارقىتىپ بېرىش ئىشلىرىنى قىلىدۇ.



سېستىرا بىمارنىڭ قان بېسىمىنى ئۆلچەيدۇ، قان ئالىدۇ، ئوكۇل سالىدۇ.



سېستىرا يەنە ياشانغان ياكى كېسىلى ئېغىر بىمارلارغا تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ.



# چىش دوختۇرى

چىشىمىزنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن، بىز ھەر يىلى ئاز دېگەندىمۇ بىر قېتىم چىش دوختۇرىغا كۆرۈنۈشىمىز لازىم. چىش دوختۇرى چىش ۋە ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرىنى داۋالايدۇ ھەم ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

چىش دوختۇرى دوختۇرخانىلارنىڭ چىش بۆلۈمى ياكى مەخسۇس ئامبۇلاتورىيىلەردە خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ بىمارنىڭ چىشى ۋە ئېغىز بوشلۇقىنى تەكشۈرۈپ، قۇرت يېگەن جايىنى تېپىپ چىقىدۇ. زۆرۈر بولغاندا، ئۇ يەنە چىشنى رېنتگېنگە ئېلىپ، ئاندىن داۋالايدۇ. ئۇ يەنە بىمارغا چىش ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىدۇ.



چىش دوختۇرى كىشىلەرنىڭ چىشنى تۈزىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئۇ چىش تۈزەش ئەسۋابى ئارقىلىق، رەتسىز چىشلارنى رەتلىك قىلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا چىش دوختۇرى ئاۋۋال بىمارنىڭ چىشنى تەكشۈرۈپ، ئاستى - ئۈستى چىش قاتارىنىڭ ئەندىزىنى ئېلىپ، ئاندىن مۇناسىپ داۋالاش لايىھىسى تۈزىدۇ.



# پەن تەتقىقات خادىملىرى

پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ خىزمەت دائىرىسى بەكمۇ كەڭ. ئۇلار مېدىتسىنا ۋە دورىگەرلىك، ئاۋىئاتسىيە، خىمىيە قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە خىزمەت قىلىدۇ.



بىئولوگ ھەر خىل بىئولوگىيە تەجرىبىلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، جانلىقلارنىڭ تۈزۈلۈشى، ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىدۇ.



بىئولوگ جانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.



دورا تەتقىقاتچىلىرى پاتولوگىيە بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېسەل داۋالايدىغان ھەر خىل دورا كەشىپ قىلىدۇ.



پەن تەتقىقات خادىملىرى كومپيۇتېرنى كۆپ ئىشلىتىدۇ.



# مېتېئورولوگلار

مېتېئورولوگلار ھاۋا رايى ئۆزگىرىشىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇلار ھاۋا تېمپېراتۇرىسى، بۇلۇت قاتلىمى، شامال كۈچى، شامال يۆنىلىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.



دۆلەت مېتېئورولوگىيە مەركىزى سۈنئىي ھەمراھ، پاراخوت ۋە يەر يۈزى كۆزىتىش مەركەزلىرىدىن كەلگەن سىگنالنى قوبۇل قىلىپ، شۇنىڭغا ئاساسەن، ئىلمىي ھالدا ئالدىن مەلۇمات بېرىدۇ.

# يانار تاغشۇناسلار

يانار تاغشۇناس ــ يانار تاغلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار دائىم يانار تاغ ئەتراپىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ناھايىتى خەتەرلىك كەسىپ.



يانار تاغشۇناسلار يانار تاغ ئېغىزى ئەتراپىدىن نۇسخا ئېلىپ، لاۋىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيدۇ ھەم ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئانالىز قىلىدۇ.



يانار تاغنىڭ ئەتراپى بەكمۇ ئىسسىق. شۇڭا، ئۇلار خىزمەت قىلغاندا ئىسسىق ئۆتمەس كىيىم كىيىۋالىدۇ.



زەھەرلىك گاز سۈمۈرۈۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار يەنە ماسكا تاقىۋالىدۇ.



# مۇزلۇقشۇناسلار

مۇزلۇقشۇناسلار قەھرىتان سوغۇق رايونلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى مۇز ۋە مۇزلۇقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇلار دائىم ئىنتايىن ناچار ھاۋا كىلىماتىغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ.



مۇزلۇقشۇناسلار قەدىمكى مۇز قاتلىمىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ مۇز قاتلىمىدىن ئىنتايىن چوڭقۇر تۆشۈك تېشىپ، ئۇ تۆشۈكتىن مۇز پارچىسى ئالىدۇ.





مۇزلۇقشۇناسلار مۇز پارچىلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىپ، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ساقلايدۇ.



مۇزلۇقشۇناسلار مىكروسكوپتا مۇز پارچىسىدىكى چاڭ - توزان قاتارلىق ماددىلارنى كۆزىتىدۇ.

# ئاسترونوملار

ئاسترونوملار ئاسمان جىسملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇلار ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنى ئىخلاس بىلەن كۆزىتىدۇ.



ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا، كىشىلەر ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆزىتىشكە باشلىغان.



دۇنيادىكى ئاسترونوملار دائىم ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى ئۈستىدە پىكىرلىشىپ تۇرىدۇ.





ئاسترونوملار ئالەم تېلېسكوپى ياكى ئېگىز تاغلارغا ئورنىتىلغان تېلېسكوپلاردىن قوبۇل قىلىنغان ئۇچۇرلارنى ئانالىز قىلىدۇ.



# ئارخېئولوگلار

ئارخېئولوگلار ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى يەر شارىدا ياشىغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە بەكمۇ قىزىقىدۇ. ئۇلار دائىم قەدىمكى يادىكارلىقلار، قەدىمكى جانلىقلارنىڭ تاشقاتمىلىرىنى قېزىپ، ئۇلارنى تەتقىق قىلىدۇ.



ئارخېئولوگلار تاشقاتمىلار (قەدىمكى جانلىقلارنىڭ جەستى، خارابىلەردە ئۇزاق زامان كۆمۈلۈپ يېتىپ، تاشقا ئوخشاش قاتتىق بولۇپ قالغان نەرسىلەر)نى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇلار تاشقاتمىلارنى قېزىۋېلىپ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئېنىقلايدۇ ھەم ئۇنى تەجرىبىخانىغا ئاپىرىپ، تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىدۇ.



تەجرىبىخانىدا، ئارخېئولوگلار مىكروسكوپ ئارقىلىق تاشقاتمىلارنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇلار يېڭى بايقالغان تاشقاتمىلار بىلەن باشقا تاشقاتمىلارنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قايسى ھايۋانغا تەۋە ئىكەنلىكىنى، بۇ ھايۋاننىڭ قايسى دەۋردە ياشىغانلىقىنى، قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىگىلەيدۇ.

# ئالەم ئۇچقۇچىسى

ئالەم ئۇچقۇچىسى ئالەم بوشلۇقىدا ئۇچۇش مۇتەخەسسىسىدۇر. ئۇلار ئالەم بوشلۇقىدىكى ئېغىرلىقنى يوقىتىش ھالىتىگە ماسلىشالايدۇ ھەم ئۇ يەردىكى ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالايدۇ.



ئالەم ئۇچقۇچىسى ئالەمگە چىقىشتىن بۇرۇن، يەر شارىدا ئۇزاق مۇددەت مەشىق قىلىپ تەربىيىلىنىدۇ.




ئۇلار ئالەم ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، يەر شارىدىن ئايرىلىدۇ.



ئالەم ئۇچقۇچىسى ئالاھىدە تىكىلگەن ئالەم كىيىمى كىيىپ، ئالەم بوشلۇقىدا ماڭىدۇ.



ئۇلار ئالاھىدە ئەسۋاب ئارقىلىق سۈنئىي ھەمراھ قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىدۇ.



ئالەم ئۇچقۇچىسى بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ساغلام بەدەن بولۇش كېرەك. ساغلام بەدەن بولغاندىلا، تۈرلۈك سىناقلارغا بەرداشلىق بەرگىلى بولىدۇ. ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا بۇ كەسىپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.



ئالەم ئۇچقۇچىسى ئالەم ئايروپىلانىدىكى تامغا ئېسىلغان ئۇخلاش خالتىسىدا ئۇخلىماقتا.



ئالەم بوشلۇقىدا سۇ ئىچىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس! ئالەم ئۇچقۇچىسى ھىملانغان قاچىدىكى سۇنى سۈمۈرۈپ ئىچىدۇ.



ئالەم ئۇچقۇچىسى ئېغىرلىق يوقىغان مۇھىتقا ماسلىشىشى كېرەك.



ئالەم ئۇچقۇچىسى بوشلۇق پونكىتىنى رېمونت قىلىدۇ.

# سىرك ئۆمكىدىكى كەسىپلەر

سىرك ئۆمكى سىرك نومۇرلىرىنى ئورۇندايدىغان بىر خىل كوللېكتىپ. سىرك ئۆمكىدىكى كىشىلەر دائىم جاي - جايلارغا بېرىپ، شۇ جايدىكى تاماشىبىنلارغا قىزىقارلىق ئويۇنلارنى قويۇپ بېرىدۇ.



سىرك ئۆمكىدە نۇرغۇن ھايۋان، شۇنداقلا يەنە ھەزىلكەش، سىركچى، پىل كۆندۈرگۈچى، شىر كۆندۈرگۈچى… قاتارلىقلارمۇ بار. سىرك ئۆمكىدىكىلەر ھەممىلا جايدا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىدۇ.





سىركچىلەر ئات ئۈستىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئويۇن كۆرسەتمەكتە.



پولات ئارغامچىدا مېڭىۋاتقان ئىككى سىركچى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان نومۇر ئورۇندىماقتا.



سىركچى قىز ئەۋرىشىم بەدىنىنى ھەرقايسى يۆنىلىشتە ئېگەلەيدۇ.



ھەزىلكەش ھەر خىل قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى ئىشلەپ، تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرمەكتە.

# سىرك ئۆمىكىگە مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر

سىرك ئۆمىكىدە ئارتىسلاردىن باشقا، يەنە نۇرغۇن خىزمەتچى خادىملار بار. ئۇلار ھايۋانلارغا قاراش، چېدىر تىكىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ.



سىرك ئۆمىكى بىر شەھەرگە بارغاندىن كېيىن، خىزمەتچىلەر ئۆمەكنىڭ چوڭ چېدىرىنى ياسايدۇ. ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە چېدىرنى چۇۋۇپ، يۈك ئاپتوموبىلغا قاچىلايدۇ.



بەزى خىزمەتچىلەر ھايۋانلارغا قاراشقا مەسئۇل. ئۇلار قەپەسلەرنى يۇيىدۇ، ھايۋانلارغا سۇ ۋە ئوزۇقلۇق بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە ئارتىسلارنىڭ نومۇر تەييارلىشىغا ياردەملىشىدۇ.



# مۇزىكانت

كۆپلىگەن مۇزىكانتلارنىڭ مۇزىكىغا ھېرىسمەنلىكى كىچىكىدىنلا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار بىر خىل چالغۇ ئەسۋابنى چېلىشقا ماھىر بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكىدىن كەلگەن.



سىمفونىيە ئۆمىكىدە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزى چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى بولىدۇ. مەسىلەن، سۇناي، نەي، باس ئىسكرىپكا، ئىسكرىپكا، پىئانىنو قاتارلىقلار. بۇ چالغۇلارنى ئايرىم چالسىمۇ، بىرلەشتۈرۈپ چالسىمۇ بولىدۇ.



كومپوزىتور يېڭى - يېڭى مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىدۇ.



سىمفونىيە ئۆمىكىنىڭ دىرىژورى كۆپچىلىكنىڭ مۇزىكا چېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

## تىياتىر ئۆمىكىدىكى كەسپلەر

تىياتىر ئۆمىكىدە ئارتىستىن باشقا، يەنە مېخانىك، چىراغچى، كىيىمچى، دېكوراتسىيىچى قاتارلىق نۇرغۇن خادىملار بار. ئۇلار ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشىدۇ.



ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن، رېژىسسور ئارتىسلارنى رەپېتىس قىلدۇرىدۇ. ئۇ ئارتىسنىڭ ئويۇن ئورۇندىشىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك خادىملار بىلەن قايسى دېكوراتسىيىنى ئىشلىتىشنى، قايسى خىل چىراغنىڭ قويۇلىدىغان ئويۇنغا ماس كېلىدىغانلىقىنى مۇزاكىرىلىشىدۇ.



ئارتىسلار چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، سەھنىدە ئويۇن قويىدۇ. ئويۇننىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن، سەھنە ئارقىسىدا زېرىكمەستىن قايتا - قايتا رەپېتىس قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزى رول ئالغان پېرسوناژنىڭ سۆزىنى پىششىق يادلاپ، ئويۇننىڭ چىن بولۇشىغا، تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ.



## ئۇسسۇل ئارتىسى

ئۇسسۇل ئارتىسلىرى سەھنىدە يېقىملىق مېلودىيىگە تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ بەدەن تىلى ئارقىلىق، ئۇسسۇل مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.



ئۇسسۇل ئارتىسلىرى ناھايىتى كىچىك چېغىدىن باشلاپ تەربىيىلىنىدۇ. ئۇلار كۆپ مەشىق قىلىشى كېرەك.



ئۇلار تۈرلۈك مۇسابىقىگە قاتنىشىدۇ. ئۇلاردىن مۇنەۋۋەرلىرى بۆسۈپ چىقىپ، تېخىمۇ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.



ئۇسسۇل ئارتىسلىرى ھەر كۈنى ئۇزاق ۋاقىت مەشىق ئېلىپ بارىدۇ. پەقەت جاپاغا چىداپ ئۈزلۈكسىز مەشىق قىلغاندىلا، ئۇلار سەھنىدە تاماشىبىنلارغا ئەڭ نادىر نومۇرلارنى كۆرسىتەلەيدۇ.

## ئاكتيورلۇق سەنئىتى

ناخشچى، كومېدىيە ئاكتيورى، گاچا تىياتر ئارتىسى، ئوپېرا ئارتىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاكتيور ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار كىشلەرگە تۈرلۈك نادىر نومۇرلارنى ئورۇنداپ بېرىدۇ.



مودا ناخشچى ناخشا ئېيتماقتا.



ئوپېرا ئارتىسلىرى تاماشىبىنلارغا كلاسسىك ئوپېرا ئورۇنداپ بەرمەكتە.



كومېدىيە ئارتىسى سەھنىدە نومۇر كۆرسەتمەكتە.



گاچا تىياتر ئارتىسى گەپ قىلمايدۇ، بەلكى ھەرىكىتى ئارقىلىق ئويۇن كۆرسىتىدۇ.



## مودا ناخشچىلار

مۇنەۋۋەر مودا ناخشچىنىڭ ئاۋازى ياخشى بولۇشى، شۇنداقلا دادىل ئىلگىرىلەش روھى بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئاممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس.



ناخشچى ناخشا ئېيتقاندا، مۇزىكا ئەترىتى تەڭكەش قىلىپ بېرىدۇ.



ناخشچى ئۆزىنى تونۇشتۇرماقچى بولسا، ئۆزى بىر ناخشا پلاستىنكىسى ئىشلەپ مۇزىكا شىركىتىگە بېرىشى كېرەك.



ناخشچى يەنە كومپوزىتورلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ مۇزىكا جەھەتتە ئويلىغانلىرى ئۈستىدە ئازادە پاراڭلىشىدۇ.



بۇ ناخشچىنىڭ مۇزىكا شىركىتىگە بەرگەن پلاستىنكىسى ناھايىتى ياخشى بولسا، شىركەت ئۇنىڭ بىلەن توختاملىشىدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن، ئۇنىڭ نام چىقىرىش پۇرستى بار بولغان بولىدۇ.

# قول ھۈنەرۋەن

قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان ئاجايىپ ھۈنەرلىرى بولىدۇ. ئۇلار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسىيالايدۇ. ھۈنەرۋەنلەر ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ شۇ ھۈنىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ.



كولالچى سېغىز توپا بىلەن لاي ئېتىپ، ساپال بۇيۇم ياسايدۇ.



ئۇ ئاۋۋال ئايلانما دىسكىدا بىر خام ساپال ياسىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى خۇمداندا قاقلاپ پىشۇرىدۇ.



ھۈنەرۋەنلەر بەزىدە ساپاللارغا رەڭ بېرىپ، زىننەتلەيدۇ.



ئۇ ئاۋۋال ساپالغا ئىزنا سىزىۋېلىپ، ئاندىن چىرايلىق رەڭلەر بىلەن بوياپ چىقىدۇ.





تارلىق چالغۇ ئەسۋاپ ياسىغۇچى ئىسكىرىپكا ۋە باشقا تارلىق چالغۇ ئەسۋاپلارنى ياسايدۇ ھەم رېمونت قىلىدۇ.



ئالىي دەرىجىلىك ياغاچچى ھەر خىل ئۆي جابدۇقلىرىنى لايىھىلەپ ياسايدۇ ھەم رېمونت قىلىدۇ.



ئەينەك كۆپتۈرۈش ئۇستىسى قاقلاپ قىزىتىلغان ئەينەك تۇرۇبىنى پۈۋلەپ، ئۇنى ھەر خىل شەكىلگە كىرگۈزىدۇ.



ئەينەككە رەڭ بېرىپ سىزىش ئۇستىسى ئەينەككە نەقىش سىزىدۇ ھەم كونا ئەينەكلەرنى يېڭىلايدۇ.